## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# دەل جايىدا تەكشۈرۈش پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، شى لۇڭ فوتوسى، خەۋىرى

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 9دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمى PCR تەجرىبىخانىسىدا، تەكشۈرۈش تېخنىكى ۋاڭ زىفەن بىلەن لو يۈنىڭ بىرى ئايرىپ تىزىملاپ دەللەشكە مەسئۇل بولدى، بىرى بىيو بىخەتەرلىك ئىشكاپى ئالدىدا ئولتۇرۇپ قول مەشغۇلاتى بىلەن ئەۋرىشكە قوشقاندىن كېيىن، ئەسۋاب ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان نوكلېئىك كىسلاتاسى ئەۋرىشكىسىنى ئالدى.

«ئاغرىقلارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتا ئەۋرىشكىسى نەتىجىسىنىڭ بىرىنچى ۋاقىتتا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كىلىنىكىنى ئەڭ توغرا ھۆكۈم بىلەن تەمىنلەپ، ئاغرىقلار ئۈچۈن داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرىمىز.» بوي ئېگىزلىكى 2.04 مېتىر كېلىدىغان ۋاڭ زىفەن ئالاھىدە ئىشلەنگەن چوڭ نومۇرلۇق مۇداپىئە كىيىمى كىيگەن بولۇپ، تەجرىبىخانىغا بىر كىرىپ كەتسە ئالتە ـ يەتتە سائەت ئىشلەيتتى.

يەنە بىر تەكشۈرۈش ئۆيىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش تېخنىكى سۇڭ جىنپىڭ دائىملىق قان تەكشۈرۈشنى تەھلىل قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئۆزى يالغۇز پۈتۈن قان ھۈجەيرىسىنى تەھلىل قىلىش ئەسۋابى قاتارلىق بەش ئەسۋابتا مەشغۇلات قىلاتتى. «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنىڭ قان كۆرسەتكۈچمۇ داۋالاشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ھۆكۈم قىلىش ئاساسى ھېسابلىنىدۇ، مەن بۇ تەكشۈرۈشلەرنى تېزدىن تاماملىشىم كېرەك» دېدى سۇڭ جىنپىڭ.



8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە، تەكشۈرۈش تېخنىكى جاڭ رۇي بىيو خىمىيەلىك ئىممۇنىتېت ئاقما لىنىيەسى ئالدىدا ئەۋرىشكىنى ئالدىن بىر تەرەپ قىلماقتا.



8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە، تەكشۈرۈش تېخنىكى لى فېي قان تىپىنى تەكشۈرمەكتە.



8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمى PCR تەجرىبىخانىسىدا، تەكشۈرۈش تېخنىكى ۋاڭ زىفەن بىيو بىخەتەرلىك ئىشكاپى ئىقتىدارىغا ئىگە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ئېلىش ـ كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشكەن ئاپپارات ئالدىدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مەشغۇلاتى قىلماقتا.

مىكرو ئورگانىزم تەجرىبىخانىسى تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىكى ۋىرۇسقا ئەڭ يېقىن جاي، «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرى ئاساسەن بىر قىسىم باكتېرىيە، زەمبۇرۇغلارنىڭ بىرىكىشىدىن يۇقۇملىنىدۇ، ئانتىبىئوتىكلارنى قانداق مۇۋاپىق ئىشلىتىشتە بىزنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىمىزگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.» تەجرىبىسى مول مۇئاۋىن مۇدىر تەكشۈرۈش تېخنىكى لى جىلىڭ بۇ ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالدى.

باكتېرىيە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاز دېگەندە تۆت خىزمەت كۈنى كېتىدۇ، لى جىلىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنىڭ ئاجرالمىلىرى، چىقىرىندىلىرى، قۇسۇقىنىڭ سۇۋالمىسىنى ياساشنى ئۆزى يالغۇز تاماملاپ، خىروموسوما تەھلىلى قىلىپ، مىكروسكوپتا تەكشۈرۈپ، مول تەجرىبىسىگە تايىنىپ تېز ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لىن جىچياڭ ئىش ئورنىدا بىر ئايدىن كۆپرەك چىڭ تۇردى. «تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن، بىزنىڭ ئازراق چارچىغىنىمىز ھېچقانچە ئىش ئەمەس» دېدى لىن جىچياڭ.

سۈرەتلىك ھېكايە

# تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتتىن تۈزەش ئۈنۈملۈك رېتسىپىدىن ياخشى پايدىلىنايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش ئىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئۈنۈمسىز تەمىناتنى زور كۈچ بىلەن تۈگىتىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈك، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتتى، تەرەققىيات شەكلى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما سىجىل ئەلالىشىپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تېز ئالمىشىپ، تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بۇ ئۆزگىرىشلەر تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش ئېشىشنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى يېتىلدۈرۈش، ئالدىن بايقاش ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، تېخىمۇ مۇھىمى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە بىز جەزمەن چىڭ تۇرىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى.

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇردىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. تەمىنات تەرەپ بىلەن ئېھتىياج تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىيالېكتىكىلىق ئىگىلەپ، ھەم تەمىنات تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش، ھەم ئېھتىياج تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، تەمىنات تەرەپكە كۈچەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىزدەپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېھتىياج تەرەپتە خەلق تۇرمۇشى يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىستېمالنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «بۇزۇش» «تۇرغۇزۇش» «تۆۋەنلىتىش»نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق كۆپ جەھەتتە ماسلىشىپ كۈچەپ، «تەمىنات» بىلەن «ئېھتىياج»نىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مۇھىم تەرىپى بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغاچقا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى تەمىنات ـ ئېھتىياج تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇردى.

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا، مۇقىم بولۇشنى باش ئورۇنغا قويۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ۋاقتىدا تاقابىل تۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزگەندە، ئاندىن تەرەققىيات رىتىمى ۋە تەڭشەش ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى ئىلمىي، پۇختا ئىگىلەپ، ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ تەكشى، مۇقىم، كۈچلۈك بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چۆرىدەپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە سېلىنما يۆنىلىشىنى نىشانلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، مەۋقەنى ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە كەسىپ ئاساسىغا قويۇپ، كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلەرنى ئىلمىي پىلانلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تۈر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىقنى ساقلاش كېرەك.

تەرەققىيات تېما، ئىسلاھات كۈچ سەرپ قىلىش. خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا، بىز تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتتىن تۈزەش ئۈنۈملۈك رېتسىپىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىسلاھات چارىسى ئارقىلىق تەرەققىيات داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولساقلا، چوقۇم شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشالايمىز.

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 23 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 448، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 110، جەمئىي 558.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

# چىشنى چىڭ چىشلەپ ئاخىرغىچە چىڭ تۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاتتىق بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىشقا پائال ماسلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى. دەل ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەدەل تۆلىشى ۋە ئۆزىنى بېغىشلىشى، چىڭ تۇرۇشى ۋە تىرىششى بولغاچقا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

لېكىن بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يەنىلا كەسكىنلەشكەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، سەللا بىخەستەلىك قىلساق، قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كېتىشى مۇمكىن، ئىلگىرىكى جاپالىق تىرىشچانلىقىمىزمۇ يوققا چىقىدۇ. شۇڭا، ۋەزىيەت قانچە ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەنسېرى، «تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق»تەك ئۇدا جەڭ قىلىش روھىنى شۇنچە جارى قىلدۇرۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاپ، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىپ، سىرتقا چىقماسلىق، توپلاشماسلىق، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. پەقەت ھەربىر كىشى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى قىلچە بوشاشماي ئادا قىلىپ، ۋىرۇسقا ھېچقانداق پايدىلانغۇدەك پۇرسەت قالدۇرمىسىلا، ۋىرۇس چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، چوقۇم يوقىلىدۇ، بىز چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)